ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھېيتىڭىزمۇبارەك بولسۇن!

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

1995
يىل
4 - مارت
شەنبە
№9
(3966)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات
# ЖАҢА ӨМІР

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

### ئەزەربەيجان تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنىشنى خالايدۇ

باكۇدا ئەزەربەيجان تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى تاغلىق قاراباغ توقۇنۇشىنىڭ يەتتە يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن باياناتنامە ئېلان قىلىپ، ئۆز ئېلىنىڭ بۇ توقۇنۇشنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈزىسىمۇ ئۆز زېمىنىنى باسقۇنچىلاردىن ئازات قىلىش قارارىدا ئىكەنلىكىنى ئاتاپ كۆرسەتتى.

بۇ ھۆججەتتە شۇنداقلا ئەرمەنىستان تەرەپنىڭ كۆز قارىشىمۇ باھا بېرىلگەن. ئەرمەنىستان مۇزاكىرىلەرنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن كېيىنگە سوزۇپ، بېسىپ ئالغان زېمىنغا بىر يوللا مەككەم ئورۇنلىشىۋالغۇسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

### تۈركىيە قېرىنداشلىق-دوستلۇققا تەييار

تۈركىيەنىڭ باش مىنىسترى تانسۇ چىللېر ياپونىيەدە رەسمىي سەپەردە بولغان ۋاقىتتا، مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە ئۆز ئېلىنىڭ چېچەنىستاندىكى ۋاقىئەنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ھەسسە قوشۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دولەت رەھبىرى روسسىيەنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، بىراق چېچەنىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا يول قويماسلىقنى ئاتاپ كۆرسەتتى. قېرىنداشلىق - دوستلۇققا تەييار تۇرغانلار كۆپ بولسىمۇ (بىزنىڭ پرېزىدېنتىمىزمۇ تەكلىپ بەرگەن)، بىراق روسسىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قۇلاق ئۇتار تۈرى يوق.

### بىرسىگە ياققان ئىككىنچىسىگە ياقمايدۇ

روسسىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترى ئا. كوزىرېۋ ياپونىيە ژۇرنالىستلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سوھبىتىدە: «ناتو-نىڭ ئۆز دائىرىسىنى دەررۇ كېڭەيتىشى روسسىيەگە ياقمايدۇ» دەپ بىلدۈرگەن.

شەرقىي ياۋروپانىڭ بىر مۇنچە مەملىكەتلىرى ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلىغان ھالدا، باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالماس ئۈچۈن ناتو-غا ئەزا بولۇشنى خالايدۇ. ئەندى ئۇلار ناتو-نىڭ كېڭىيىشى روسسىيەگە ياقماس ئىكەن دەپ، ئۆز مۇستەقىللىكىگە ئوخسان كېلىدىغان شارائىتقا خوپ دېيىشى كېرەكمۇ؟

### ئۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەس مىنىستر

ھازىر يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇداپىئە مىنىسترى پ. بۇلاتوۋىچ روسسىيەدە ژۇرىدۇ. ئۇ رف مۇداپىئە مىنىسترى پ. گراچېۋ بىلەن ياۋروپادىكى بىخەتەرلىك، تەۋەلىك توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش مەسىلىلىرى بويىچە سوھبەتلەشتى.

گراچېۋ بالكاندىكى ۋاقىئەلەرگە توختۇلۇپ: «مىنىستر سۈپىتىدە بۇ يەردىكى مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنىڭ كۆزىنى كۆرمەيدىغانلىقىنى» ئېيتقان. ھە، ئۇ ھەممە مەسىلىنى پەقەت ھەربىي كۈچ بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

### «رۇس بىرلىگىنىڭ» نىيىتى يامان

روسسىيەدە «رۇس مىللىي بىرلىگى» دەپ ئاتىلىدىغان ھەرىكەت موجۇت. ئۇنىڭ رەھبىرىنىڭ ئورۇنباسارى ئالېكسېي ۋېدېنكىن تېلېۋىزور ئارقىلىق سوزلەپ، رف-نىڭ ئىنسان ھوقۇقى بويىچە ۋەكىلى سېرگېي كوۋالېۋ بىلەن دولەتلىك دۇمانىڭ مۇداپىئە بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى س. يۇشېنكوۋنى ئېتىپ ئولتۇرۇشقا تەييارلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇنىڭ مەزكۇر باياناتنامىسىغا باغلىق روسسىيە باش پروكۇرورى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغۇچى ئا. ئىليۇشېنكو ئىش قوزغىغان كورۈنىدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن ئەۋۇ نىيىتى يامانلارنىڭ چۈچۈشى ناتايىن.



ئۇلۇق ئەگرىم، ساددەتلىك بۇ ئەييامدا ھىممەت بىلەن،
توقلۇزۇڭنى ئەل ئەيلىدى دەستىخاندا نېمەت بىلەن.
ھالال ئەمگەك- ئەجرىڭ بەدەل، دىيا ئەتتىن ئومرۇڭ ئاۋات،
نېمە يەتسۇن بۇ خۇش دەمگە ئوتكەن دىلكەش سوھبەت بىلەن.

### قازاقستان-خىتاي ھەمدوستلۇقى كەڭەيمەكتە

بېجىڭغا كەلگەن باش مىنىسترنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى نىغمېتژان ئېسىنغارىن باشچىلىقىدىكى قازاقستان ھوكۇمەت دېلېگاتسىيەسىنى 23-فېۋرال كۈنى خخج دولەت كېڭەشىنىڭ پرېمېرى لى پېن قوبۇل قىلدى.

ن. ئېسىنغارىن قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۋنىڭ خخج رەئىسى جاڭ زېمىنگە ۋە جۇمھۇرىيەت باش مىنىسترى ئەكېژان قاژىگېلدىنىڭ دولەت كېڭەشىنىڭ پرېمېرى لى پېڭگە مەكتۇبىنى تاپشۇردى.

ن. ئېسىنغارىننىڭ خىتايغا سەپىرى داۋامىدا دولەت پلانلاش كومىتېتىدا خخج-نىڭ تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، تومۇر يول، مېتاللۇرگىيە سانائىتى، كوممۇنىكاتسىيەلەر مىنىسترلىكى بىلەن، بىر قاتار يېتەكچى دولەت سانائىتى ۋە سوداكوپېراتسىيەلىرىنىڭ ۋە كومپانىيەلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار ئوتكۈزۈپ، مۇزاكىرىلەر ژۈرگۈزدى.

24- فېۋرال كۈنى دېلېگاتسىيە ئۈرۈمچىگە ژۈرۈپ كەتتى.

✽ ✽ ✽

بېجىندا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە بولغان بەش كۈن ئىچىدە ئۇ ھوكۇمەت كولەمدە، شۇنداقلا چوڭ سانائەت كورپوراتسىيەلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كوپلىگەن ئۇچرىشىشلارنى ئوتكۈزدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە كەڭ كولەملىك ئىككى تەرەپلىمىلىك ھەمدوستلۇقنى كەڭەيتىشنىڭ ئاساسىي تامىللىرى ئېنىقلاندى.

ن. ئېسىنغارىن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ئاسخات بىلەن سوھبەتلەشتى. ئۇچرىشىشتا چېگارا ئوتكەللىرى، جۈملىدىن، ئوتكەن يىلى بىر قاتار سەۋەبلەرگە باغلىق يېپىلىپ قالغان ئالاشانكو بېكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بويىچە بىرلەشكەن ئىشنى جانلاندۇرۇش مەسىلىسى كوتىرىلدى. ئاۋتونوم رايونىنىڭ رەئىسى قازاقستان ھوكۇمىتىگە موشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىش، شۇنداقلا مېنېرال ئوغۇتلار بىلەن خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى بېرىش ئىشىدا قويۇق ھەمكارلىق ئورنىتىش بويىچە ئىلتىماس قىلدى. ئىككى تەرەپ بىر نەچچە ئىش توپلىرىنى قۇرۇش توغرىلىق كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرىنى ئوتكۈزۈشنىڭ قەرەللىرىنى بەلگۈلىدى. ۋە ئۆز ئارا پايدىلىق ھەمكارلىقنىڭ باشقىمۇ بىر قاتار شەكىللىرىنى، ئېنىقلاش ھاجەتلىكىگە كېلىشتى.

(قاز تاگ).

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

1995
يىل
11- مارت
شەنبە
№10
(3967)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەر قىلىدۇ

### ناتوغا ئەزا بولۇش- بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپە

بولغارىيە پرېزىدېنتى ژ. ژېلېۋ ئۆز مەملىكىتىنىڭ ناتوغا ئەزا بولۇشنى پەقەت ئۆزلىرى ھەل قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچ كىمنىڭ توسالغۇلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، بۇ مەسىلىنى بىرىنچى نۆۋەتتىكى مەسىلە دەپ بىلدۈردى.

ئۇنىڭ پىكرىچە، يۇگوسلاۋىيەدىكى جاڭجالنىڭ پۈتكۈل بالقانغا كەڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مىللەتلەر ئارا جاڭجال خەۋپى ھازىر بۇ رېگىوندا ناھايىتى كۈچلۈك.

### مۇناسىۋەت ئادىل بولسۇن

ۋاشىنگتوندا ئۆتكەن تاشقى سىياسەتكە بېغىشلانغان كونفېرېنسىيەدە ئاقش كونگرېسسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر كۆپچىلىكىنىڭ رەھبىرى روبېرت دوئۇل ئۆز ئېلى بىلەن روسسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالداشتىن يىراق، ئادىل نىيەتتە بولۇشى كېرەك دەپ ئاتاپ كۆرسەتتى.

ئۇ پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ روسسىيە سىياسىتىگە ئورۇنسىز كۆپ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھازىرقى چىنلىقتا ماس ھالدا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. روسسىيە بىلەن بولغان كېلىشىمسىزلىك ئۈچۈن ئېيتىلىپ، شۇنىڭغا باغلىق ھەرىكەت قىلىش كېرەك، دېدى سىياسەتچى.

### ئۇرۇش يۇتقان دوللارلار

روسسىيە ئىختىسادىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى ئا. ئىللارىئونوۋنىڭ ھېساۋى بويىچە، چېچەنىستاندىكى ئۇرۇشقا ھەر كۈنى 60 مىللىون دوللار مەبلەغ سەرىپ قىلىنىۋاتىدۇ.

ئەندى ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرىقى چىقىم بولسا 5 مىللىارد دوللارغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇرۇشتا بولغان ۋەيرانچىلىقنىڭ چىقىمىنى قوشساق، زىيان ئىككى ھەسسىدىن ئاشىدۇ. بۈگۈنكىدەك قىيىن زاماندا ئېقىلغا سىغمايدىغان بۇ چىقىم ئۈچۈن كىم جاۋاپ بېرىشى كېرەك؟

### ئۇرۇش ئوتى كۆچەيمەكتە

مارتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپ چېچەنىستاندىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ داغىستانغا يۆتكىلىش خەۋپى كۈچەيمەكتە. چېچەن ئەسكەرلىرى روسسىيەنىڭ ئىككى چېگارا ئوفتسېرىنى ئېتىپ تاشلىغان.

بۇ ۋاقىئە چېچەنىستاندىكى ئۇرۇش ئوتىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. چېگارىچىلار قىساس ئېلىش نىيىتىدە. ئۇنىڭغا قارشى تەرەپنىڭ جاۋاپسىز قالمايدىغانلىقى بەلگۈلۈك. بۇ يەنە قان توكۇش دېگەن سۆز.

### گېرمانىيە پارلامېنتى ئەيىپلىدى

فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت ئىلىملىرى فاكۇلتېتىنىڭ دېكانى ليۇدگېر كيۇنخاردت گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ چېچەنىستاندىكى ئۇرۇشنى قاتتىق ئەيىپلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

رۇس ئۇسۇلى، دېدى ئۇ، ياۋروپىدىكى خەۋپسىزلىك ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىغا تامامەن قايچى كېلىدۇ، مۇداپىئە مىنىستىرى گراچېۋ بولسا يېڭى ئىمپېرىيالىستىك سىياسەتكە قاراپ ماڭماقتا.

### تۈركىيەنىڭ كۆز قارىشى

مەملىكەت پرېزىدېنتى سۇلەيمان دېمىرېل سېربلار بىلەن ئەرمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بوسنىيە بىلەن ئەزەربەيجان خەلقلىرىنى داۋاملىق قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بوسنىيە بىلەن گېرتسېگوۋىنا، شۇنداقلا تاغلىق قاراباغ جاڭجاللىرىنى تېنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى باشتىن باشلاپ ماقۇللاپ، تۈرك تەرەپ بۇ جايلاردىكى ئېتنىكلىق جاڭجالنى پەسەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە.



ئالمۇتا ۋىلايىتى. ئىلى ناھىيەسى «جاڭگالىق» سوۋخوزىدا ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئېگىلىك ئىشلىرى ياخشى كېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئەمگەك ئىلغارلىرى كۆپلەپ سانىلىدۇ. سۈرەتتە سىز كۆرۈۋاتقان تۇرغان مەھەممەتجان ئىبراگىموۋ. ر. ئەينە شۇنداق ئەمگەك سۆيەر يىگىتلەرنىڭ بىرىسى.

ر. يۇسۇپوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

## پارلامېنت ئۆيىدىكى ئۇچرىشىش

9- مارت كۈنى ئالىي كېڭەشنىڭ خەلق ئارا ۋە پارلامېنتچىلار ئارا مۇناسىۋەتلەر بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى سېرىكخان ژاقىپوۋ كىپرنىڭ قازاقىستاندىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى كرىستوفورس يانگوتومېن بىلەن ئۇچراشتى.

ئۆز ئارا پايدىلىق ئىككى تەرەپلىملىك ھەمدوستلۇق توغرىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇلدى. كىپر رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىتى مەملىكەتنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سودا، مالىيە ۋە تۇرىستلىق ساياھەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا قارىتىلغانلىقى تەكىتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىختىساتنىڭ موشۇ ساھاسىدا قازاقىستان ئوتتۇرا ئاسىيە مەملىكىتى سۈپىتىدە ئەڭ ياخشى شېرىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كىپرلىقلار بىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ قايتىلانماس ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىگە ئىخلاس بىلەن قارىماقتا. بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە ئىلگىرى ئورنىتىلغان دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت ئەلچىلىكنىڭ ئېچىلىشىغا باغلىق ئىككى تەرەپلىملىك ئالاقىلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ياخشى زەمىن ھازىرلىدى.

ئەلچى ياش قازاقىستان پارلامېنتىنىڭ تەركىۋى بىلەن خىزمىتىگە، ئۇنىڭ مەملىكەتنىڭ تاشقى سىياسىي ھاياتىغا كۈچ چىقىرىشىغا ئىشەنچ بىلدۈردى.

قازاقىستاندىكىگە ئوخشاش كىپر دىمو ھەمدوستلۇقنىڭ پارلامېنتلار ئارا توپلىرىنى قۇرۇش تەجرىبىسى بار. ئۇلارنى ئۆز ئارا قۇرۇش توغرىلىق كېلىشىلدى. ئەلچى شۇنداقلا كىپر پارلامېنتىنىڭ قازاقىستانلىق دېپۇتاتلارنى ئارالغا كېلىپ قايتىشىنى، تۇراقلىق ئالاقىلارنى ئورنىتىشنى تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

(قاز تاگ).

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روۋىڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

ЖАНА ӨМІР

1995
يىل
25- مارت
شەنبە
№12
(3969)
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



سۈرەتتە: «ناۋا» ئانسامبلىنىڭ ئۇسسۇلچىسى زۆھرا كەرىموۋا. ر. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرىتى.

## ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەر قىلىدۇ

**قازاقستان خەلقلىرى ئاسسامبلېيەسىنىڭ 1- سېسسىيەسى ئېچىلدى**

24- مارت كۈنى جۇمھۇرىيەت پايتەختى ئالمۇتىدا دۆلەت رەھبىرى يېنىدىكى تۇنجا جەمىيەتلىك مەسلىھەتچى ئورگان قازاقستان خەلقلىرى ئاسسامبلېيەسىنىڭ 1- سېسسىيەسى ئېچىلدى. سېسسىيەگە جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيەسىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ جاي-جايلاردا قۇرۇلغان كىچىك ئاسسامبلېيەلىرىدىن ۋەكىللەر قاتناشتى.

سېسسىيەدە جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى، ئاسسامبلېيە رەئىسى نۇرسۇلتان نازارباييېۋ دوكلاد بىلەن سۆزگە چىقتى.

ئاسسامبلېيەنىڭ ئاساسىي مەخسىتى كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدە تۇراقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىن، دۆلەت سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىئەلەرگە باھا بەرگەن ھالدا تەكلىپلەرنى ھازىرلاشتىن ئىبارەت.

**ئاقش ۋە كانادىغا سەپەر**

19- مارت كۈنى باش مىنىستىر ئەكېژان قاژىگېلدىن ئاقش پرېزىدېنتى ب. كلىنتوننىڭ تەكلىۋى بويىچە رەسمىي سەپەر بىلەن ۋاشىنگتونغا ژۈرۈپ كەتتى. سەپەر ۋاقتىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىتىشقا بېغىشلانغان بىر قاتار كېلىشىملەرگە قول قويۇلىدۇ.

ئاقش قا سەپەردىن كېيىن ئە. قاژىگېلدىن كانادىدا بولىدۇ. بۇ يەردە قازاقستان ئەلچىخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

**مىللىي بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى**

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييېۋ مىللىي بىخەتەرلىك كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۆتكەن شەنبە كۈنى جىنايەتكە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش ۋە ھوقۇق تەرتىۋىنى رەتلەش مەسىلىلىرى بويىچە جۇمھۇرىيەتلىك كېڭەشنىڭ ئىشىغا قاتناشقان ئۇنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك باشقارمىلىرىنىڭ جاۋاپكەر خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر توپى بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇچرىشىشتا مىللىي بىخەتەرلىكنى تەمىنلەش، كونستىتۇتسىيە ئاساسلىرىنى، پۇخرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرىنى قوغداش، قانۇنىيلىق بىلەن ھوقۇق تەرتىۋىنى كۈچەيتىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

**تۈركىيە- روسسىيە: ياخشى خوشنىلار، ئىشەشلىك شېرىكلەر**

روسسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بۈنىڭدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئورنىتىلغان. تۈركىيە پرېزىدېنتى سۇلېيمان دېمىرېل ئانقارىدا «ئىزۋېستىيە»نىڭ مەخسۇس مۇخبىرى بورىس پىلەتسكىغا بەرگەن ئىنتېرۋيۇسىدا بىز بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن قانائەتلىنىمىز ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن چوڭ ئىستىقباللارنى كۆرىمىز دەپ بىلدۈردى.

ئىنسان ۋە ئىمان

## ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيە مەركىزى

يېقىندا قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىسترلىكى پۈتكۈل دۇنيا قازاقلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ھوزۇرىدا قۇرۇلغان «ئىنابەت» ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيە مەركىزى جەمىيىتىنى رويخەتكە ئالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۈتكۈل دۇنيا قازاقلىرى ئىتتىپاقى رەئىسىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى قالدارىېك نايمانباييېۋنىڭ ھوزۇرىدا مەزكۇر جەمىيەتنى تونۇشتۇرۇش ژىغىنى بولۇپ ئۆتتى.

— ھازىر قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيە مەسىلىسى ئاھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرىدۇ،— دېدى ق. نايمانباييېۋ، مەزكۇر جەمىيەتنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ،— بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە جىنائىي ئىشلار، ئىچىملىككە بېرىلىش، جەمىيىتىمىزگە يات قىلىقلار ئەۋج ئالماقتا. ھەتتا باشقا دىنىنى قوبۇل قىلغانلارمۇ بايقالماقتا. بۇ فاكتلارنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى — خەلقىنىڭ روھى بايلىقىنىڭ ئىسلام دىنىدىن ژىراقلاپ كېتىشىدە بولماقتا. بۇ- ئاتېيزمنى 70 ژىل تەشۋىق قىلغان كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاددىي شەرتلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيەسى يوقنىڭ ئورنىدا. ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرى بۇ ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئىسلام دىنى بويىچە مۇتەخەسسىسلەرمۇ، كىتاپلارمۇ يوق. ئىسلام دىنى بويىچە بىلىم ئېلىشىمۇ قىيىن، مەسچىتلار يېتىشمەيدۇ. چەت ئەللەرگە بېرىپ ئوقۇش مۇمكىنچىلىگى يوق. ئەينە شۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدىكى مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق تەربىيەلەش ئۈچۈن مەزكۇر جەمىيەتنىڭ رەئىسى خەلىفە ئالتاينىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئىنابەت» ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيە مەركىزى جەمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇ دىنىي جەمىيەت بولمىسىمۇ دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان جەمىيەتتۇر.

ئاندىن مەزكۇر جەمىيەتنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە رەئىسى خەلىفە ئالتاي سۆزگە چىقتى.— قازاقستاننىڭ مۇستەقىللىق ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىم كۆككە يەتكەن ئىدى،— دېدى ئۇ،— ئىراق بۇ يەرگە دەسلەپ كېلىپ، ياشلارنىڭ دىنىدىن ژىراقلاپ كەتكەنلىگىنى، ھاراق-شاراپقا، بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ ئاھايىتى ئېچىندىم. ھەر قانداق دەرەق كىچىككىنە ئۇرۇقتىن پەيدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇرۇق قانچە ساغلام بولسا دەرەقمۇ شۇنچە يوغان بولىدۇ. بىز ياشلارنى ساغلاملاشتۇرماي قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەندى جەمىيەتنىڭ نامى «ئىنابەت» ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ، ئىنابەت سۆزى قۇرئاندا بىر نەچچە يەردە قايتىلىنىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى مال-دۇنيادىن كېچىپ، ئاللاغا سىغىنىش دېمەكتۇر. بۇنداق جەمىيەت بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىدە بار. دىنىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتلارنى كۆپەيتمىسەك بولمايدۇ. گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە يۈزدىن كۆپرەك مەسچىت بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئالمۇتىدا بولسا بىر مەسچىتنى نەچچە ژىلدىن بېرى سالالماي كېلىۋاتىمىز...

ژىغىندا پۈتكۈل دۇنيا قازاقلىرى ئىتتىپاقى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى، يازغۇچى سۇلتانئالى بالغاباييېۋ، ئەخمەت يەسسەۋىي شۇناس ئالىم مۇھەممەت رەھىم جارمۇھەممەتئوغلى، «زامان-قازاقستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەلى بايرام، ئەۋېزوۋ نامىدىكى تىياترنىڭ ئاكتيورى ئىرساين تولىۋباي، تۈركىيە ئەلچىسىنىڭ خادىمى ئەلى ئۆزباي، ئالمۇتا ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ رېكتورى چىڭگىزھاجى، لىۋان، پاكىستان، بانگلادېش، قۇۋەيت، سەئۇدىيە ئەرەبىستانى، پالېستىنا دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە باشقىلار سۆزگە چىقىپ، مەزكۇر جەمىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پ. ئەخمەت.

